# ئىستىقلال

2000 - يىلى 5 - ئاي
8 - سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت


## ئۇيغۇرلار مەسىلىسى 8 - نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىدا




تۈركىيەدە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان « تۈركىي ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق قۇرۇلتىيى » - يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان 250 مىليوندىن ئارتۇق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا دەرتلىشىدىغان، سىردىشىدىغان ۋە بىر - بىرلىرىگە بولغان ئارزۇ - تەلەپ ۋە ئىستەكلىرىنى ئىزھار قىلىدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق مۇھىم سورۇنلىرىنىڭ بىرى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تۈركىيە پارلامېنتىدا

تۈركىيەنىڭ سامسۇن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « 8 - نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيى » ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەزكۇر يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن گېرمانىيەدىن ئالاھىدە كەلگەن مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھرىگە بېرىپ، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىرگە تۈركىيە پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. ( داۋامى 3 - بەتتە )

## دادام ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ كۆرەش پەلسەپەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى

ئەركىن ئالپتېكىن



(تولۇق تېكستى 4 - بەتتە)

## « ئىستىقلال » - مىللىي مەۋجۇدلىقىمىزنىڭ جەڭگىۋار بايرىقىدۇر

ھاجى ياقۇپ ئانات

( مىللىي قۇرۇلتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى )



« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ئورگان گېزىتى بولغان قوش ھەپتىلىك « ئىستىقلال » گېزىتى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەۋجۇدلىقىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ۋە غايىسى بولغان مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ بايرىقىدۇر.

( داۋامى 5 - بەتتە )

## گوللاندىيەدىكى خەلقئارالىق يىغىندا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى تەكىتلەندى




ئىختىيارى مۇخبىرىمىز نىغمەت ئابدۇلۋەلىنىڭ گوللاندىيەدىن يوللىغان خەۋىرى:

( تولۇق تېكستى
( داۋامى 7 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

# ئۇيغۇرلار مەسىلىسى 8 - نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىدا

( بېشى 1 - بەتتە )

يىللاردىن بۇيان بۇ قۇرۇلتايدا ئېلىنغان قارارلار، مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى تەرىپىدىن جىددىي تۈردە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەلمەكتە ۋە تۈركىي ئەللەرنىڭ بىرلىك - باراۋەرلىكىنى ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشتە تارىخىي رول ئويناپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مەزكۇر قۇرۇلتاي تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇ ئەۋزەل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرقېتىمقى تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قان قېرىنداشلىرىغا ئاسارەت ئىچىدە جان تىركىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دات - پەرياتلىرىنى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ سامسۇن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « 8 - نۆۋەتلىك تۈركىي ئەللەر ۋە خەلقلىرى دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق قۇرۇلتىيى » غا ئۇيغۇرلار تۈركىيەدىكى مەلۇم ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ نامىدىلا ئەمەس، بەلكى تاشقى دۇنيادىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نامىدا ئىشتىراك قىلىپ، يىغىن ئەھلىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي بىرلىكىنى نامايەن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭمۇ ئىززەت - ئېتىبارىنى ئاشۇردى.

قۇرۇلتايدىن بۇرۇن، مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان گېرمانىيەدىن ئالاھىدە تۈركىيەگە يېتىپ باردى ۋە تۈركىيەدە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ پەخرى رەئىسى، قۇرۇلتاي قىلمىغىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى مۇھەممەت رىزا بېكىن، « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ باش كاتىۋى ھامۇتخان كۆكتۈرك، فىراپېسور سۇلتان ماخمۇت قەشقىرى ۋە مىللى قۇرۇلتاينىڭ تۈركىيەدىكى بەزى ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، مەزكۇر ھەيئەتنى باشلاپ سامسۇن شەھرىگە بېرىپ 8 - نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي ھەيئىتى يىغىن جەريانىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرۇشۇپ. ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن قانداش بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ئەملى ياردەم بېرىشكە چاقىردى.

يىغىنىڭ ئۈنجى كۈنى قۇرۇلتاي ھەيئىتى تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش بىلەن بىرگە، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز نامىدا ھازىرلانغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى يىغىن ئەھلىگە ۋە يىغىن زالىنىڭ



ئەتراپىدىكى ئاممىغا تارقاتتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا ئەتراپلىق جاۋاپ بەردى. ئومومىي يىغىندا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ پەخرى رەئىسى گېنىرال مۇھەممەت رىزابېكىن ئەپەندى مىللىي قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن ئالاھىدە سۆز قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان غەيرى ئىنسانى قىلمىشلىرىنى قاتتىق پاش قىلدى ( دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئايرىم دىققىتىڭىزلارغا سۇندۇق )، مۇھەممەت رىزا بېكىن ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بەرگەن دوكلاتى يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇندىن باشقا يەنە قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ قۇرۇلتاي نامىدا ھازىرلىغان « خىتاينىڭ




بۈيۈك ستراتېگىيەلىك پىلانى ۋە تۈركىيە » دىگەن تېمىدىكى يازما دوكلاتى قۇرۇلتاي ئەھلىگە تارقىتىپ بېرىلدى ( مەزكۇر دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئايرىم دىققىتىڭلارغا سۇندۇق ).

يىغىنىڭ 2 - كۈنى ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىنىڭ سياسىي كومىتېت، خەلقئارا قانۇن كومىتېتى، مەدىنيەت ئىشلىرى كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن گۇرۇپپا يىغىنلىرىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قاتنىشىپ، بۇ يىغىنلاردا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يۇقارقى ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا مەخسۇس دوكلات ۋە تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى. قۇرۇلتاي ۋەكىلى ھامۇتخان كۆكتۈركنىڭ مەدىنيەت ئىشلىرى كومىتېتىدە بەرگەن « قىزىل خىتاينىڭ تۈرك مەدىنيىتىگە ئائىت تۈركىيەدىكى پائالىيەتلىرى » دىگەن تېمىدىكى ئىلمى دوكلاتى ( دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئايرىم دىققىتىڭلارغا سۇندۇق ) يىغىن ۋەكىللىرىنى كۈچلۈك جەلىپ قىلدى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يىغىنىڭ ھەرقايسى كومېتىتلىرىدا ئاقا - ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياستىنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن پاش قىلىپ، يىغىندىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئاساسىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈشنى ۋە مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتايغا ئورتاق ئىنكاس قايتۇرۇشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىشتى.

بۇقېتىمقى تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى يېپىلىش مۇراسىمىدا، قۇرۇلتاينىڭ جەمئى 21 ماددىدىن تەركىپ تاپقان ئومومى قارارى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. مەزكۇر قارارنىڭ 20 - ماددىسىدا مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تەكىتلەنگەن بولۇپ، قاراردا ئەينەن مۇنداق دىيىلگەن:

« يىغىنىمىزدا، ئاسارەت ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەزىيىتى قايتىدىن تىلغا ئېلىندى؛ يىغىنىمىزدا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش مىنىسترلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كۆك بايرىقىنى ئېسىشنى چەكلەش ھەققىدىكى 36 - نومۇرلۇق ئۇختۇرۇشىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەكلىپ لاھىيەسىنىڭ تۈركىيە پارلامېنتىدا كۈنتەرتىپكە ئېلىنىشى ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىغا ئېلىپ بېرىشتا تۈركىيەنىڭ باشلامچى بولۇشى، شۇنداقلا تۈركىيەنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدا خىتاي ھەققىدە ئېلىنىدىغان قارارلاردا خىتايغا قارشى ئاۋاز بېرىشى تەلەپ قىلىندى ».

يۇقارقى ماددا، تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ۋە ئالاقە كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدىمۇ ئەينەن يەر ئالدى ۋە ئۇنىڭغا، « يىغىنىمىزدا، 99 - يىلى ئاۋغۇستتا قولغا ئېلىنغان « مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » نىڭ باشلامچىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىشى، بۇندىن كېيىنكى قۇرۇلتايلاردا شەرقىي تۈركىستاندىن ۋە باشقا ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ۋەكىل تەكلىپ قىلىش تەلەپ قىلىندى » دىگەن ئابزاس ئىلاۋە قىلىپ قوشۇلدى.

تۈرۈك دۇنياسى قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئومومىي قارارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت ماددىسى ئوقۇلۇۋاتقاندا، يىغىن زالىدا ئولتۇرغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان دەرھال شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى چىقىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ يىغىن ئەھلىنى سالاملىدى، كۆك بايرىقىمىزنى



كۆرگەن يىغىن ۋەكىللىرى چاۋاك چېلىپ قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلىشتى.

خىتاي بىلەن مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۆندىن - كۆنگە كۈچىيىۋاتقان ۋە خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەگە زىيارەتكە كېلىشى يېقىنلىشىۋاتقان بىرپەيتكە توغرا كەلگەن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قارار ئېلىنغانلىقى، ئۇيغۇر داۋاسىنى تاشقى دۇنيادا يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن قاتتىق بىر زەربىدىن ئىبارەت.

# قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تۈركىيە پارلامېنتىدا

( بېشى 1 - بەتتە )

زىيارەت جەريانىدا ئەنۋەرجان تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى سادى سومۇنجۇ قاتارلىق كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، ھېچبىر گۇناھى يوق ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادات ئەركىنلىكىدىن تامامەن مەھرۇم قالدۇرۇلغانلىقىنى، نورمال ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ تۈرلۈك جازالارغا دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت» دىگەننى باھانە قىلىپ، ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى مىڭلىغان بالىلارنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋاتانلىقىنى، شۇنداقلا «تۇغۇت چەكلەش» دىگەن باھانىدا تۈرلۈك قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ياش ئانىلارنىڭ ھاياتىغا خىيىم - خەتەر يەتكۈزىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا تۈرلۈك جەھەتلەردە ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتىلىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناھەق ھالدا سوتقا تارتىلىپ ئۆلۈم جازالىرىغا مەھكۇم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلىقىنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلىپ، تۈركىيە پارلامېنت ئەزالىرىدىن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىرىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىلاردا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىك ھەققىدە تەۋسىيەدە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يەنە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن ئالاھىدە يېقىنلىشىشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ زۇلۇمغا ئۇچرىشىنى ۋە ھەتتا كوللىكتىپ قىرغىن قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىزاھلاپ ئۆتتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى سادى سامونجۇ ئوغلى بىلەن تۈركىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى بىر سائەتكە يېقىن داۋام قىلدى. سابىق باش مىنىستىر مەسۇت يىلماز ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقىنى ئېسىشنى چەكلەش ھەققىدە چىقىرىلغان ئوختۇرۇش تاكى ھازىرغا قەدەر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋە تۈركىيەنىڭ
ھازىرقى ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن خىتايغا يېقىنلىشىۋاتقان بىرپەيتتە، بىر نوپۇزلۇق دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ھەيئەتنى شەخسەن قوبۇل قىلىپ بۇقەدەر ئۇزۇن سۆھبەتتە بولغانلىقى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن قاتتىق بىئارام بولۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى زور بىر تەسەللى ئىدى.

تۈركىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستانلىق ھەيئەتنى قوبۇل قىلغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا جىددىي قاراۋاتقانلىقىنى، ئۆزۋاقتىدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆك بايرىقى ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ قىزىل بايرىقىغا سالام يوللىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى ھەمدە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تەكىتلەشنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىك ھەققىدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە تەۋسىيە ۋە تەكلىپتە بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇقېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ تۈركىيە بىلەن يېقىنلىشىشتىكى تۈپ مەقسەتلىرى ئۈستىدە توختالغان 4 بەتلىك بىر دوكلات ھازىرلاپ، ئۇنى تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ بىرقىسىم ئەزالىرىغا ۋە پارلامېنت قارمىقىدىكى بەزى كومىتېتلارغا تەقدىم قىلدى.



قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان بۇقېتىمقى ئەنقەرە سەپىرىدە يەنە بۇ شەھەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەخسۇس ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ۋەتەن - مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

## گېزىتىمىزگە تەبرىك ۋە تەكلىپ

«ئىستىقلال» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى ئەنۋەرجان ھەم تەھرىر ھەيئىتىدىكى بارلىق قەدىرلىك قېرىنداشلىرىمىزغا:

«ئىستىقلال» گېزىتىنىڭ 5 - سانىدىن باشلاپ قايتا نەشر قىلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن ھەم بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى شەرەپ بىلەن ئۆز زىممەڭلەرگە ئالغانلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم، شەخسەن ئۆزەم ھەم ئاۋۇستىرالىيەدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز نامىدىن سىلەرنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەپ، سىلەرنىڭ ۋەتەن - مىللەت يولىدىكى تىرىشچانلىقىڭلارغا زور مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئىنشائاللاھ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ، مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە، داۋايىمىزنىڭ ئۆتكۈر تىلى، جاراڭلىق ئاۋازى بولغان گېزىت - ژورناللىرىمىزنى كۆپەيتىپ، مەتبۇئاتىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئەڭ موھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى، ئىمكان بولغان تەقدىردە ئەنگلىز تىلىدا بىر ئورگان گېزىتنى چىقىرىشنى تېزىرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك.

مۇستەبىت كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى - شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت، بۇ داۋاغا ئاۋاز قوشۇش، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھىساپلىنىدۇ.

قايتىدىن سەپكە ئاتلانغان «ئىستىقلال» نىڭ ۋەتەن داۋايىمىزغا زور تۆھپىلەرنى قوشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىلدۇر. «ئىستىقلال» غا ئۇزۇن ئۆمۈر، خەيرلىك سەپەر، پارلاق كېلەچەكلەر تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

ئەخمەت ئىگەمبەردى
«ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى» نىڭ پەخرى رەئىسى
2000 - يىلى 9 - ئاپرېل ( ئاۋۇستىرالىيە - سىدنېي )

# دادام ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىننىڭ كۈرەش پەلسەپەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى

ئەركىن ئالپتېكىن

## 1. « ئۆز نەپسىدىن كېچەلمىگەن بىر ئىنساننىڭ باشقىلارغا پايدىسى تەگمەيدۇ »

مەن خىتاينىڭ لەنجۇ شەھرىدە تۇغۇلدۇم، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ئۇنچىۋالا ياخشى ئەمەس ئىدى. باللىرىغا بىرقانچە گىرام گۆش يېگۈزەلمىگەن ئانامنىڭ پات - پات يىغلىغىنى ھالا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. دادام بۇ چاغلاردا گومىنداڭ پارلامېنتىدا پارلامېنت ئەزاسى، مائاشىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە دادامدىن بىزگە نىمە ئۈچۈن توغرا - دۇرۇست قارىيالمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، دادام ماڭا شۇ جاۋاپنى بەرگەن ئىدى:

ئوغلۇم، مېنىڭ ئۇ چاغلاردا ئالغان مائاشىم شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خىتاي ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش ئۈچۈن چىقىرىۋاتقان گېزىتىمگە ئارانلا يېتەتتى، ئۇندىن باشقا يەنە ئاسيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنى زىيارەت قىلغىنىمدا يېتىم - يېسىر قالغان كۆپلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلارنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنى پەرىشانچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە بىرئاز تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ۋە بۇئارقىلىق ئۇلارنىڭ مىللىي ھەم دىنىي شۇئارىنى ئاشۇرۇش غايىسى بىلەن ئۇلارنى خىتايغا ئېلىپ كەلدىم. نەنجىڭدە بىر ئىنىستىتوت ئاچتىم، بۇئىنىستىتوتقا تۈرلۈك دەۋرلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ خىتايغا كېلىپ پاناھلىق تىلىگەن تاتار ئوقۇتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇردۇم، مۇشۇ ئىشلىرىم بىلەن بولۇپ كېتىپ سىلەرگە ياخشى قارىيالمىدىم ... .

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلدۇق. دادام شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ( گومىنداڭ مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ) باش كاتىۋى بولغان ئىدى. ئۈرۈمچىدە بىر دوستۇمدىن ۋېلسىپىت مىنىشنى ئۆگەندىم، ۋېلسىپىت مىنىشنى ئۆگەنگىنىمنى ئەتەي دادامغا كۆرسۈتۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتتۈم، مەقسىدىم، دادامدىن ماڭىمۇ بىر ۋېلسىپىت ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئىدى، دادام كەلدى، ئاۋال ۋېلسىپىتكە مىنىپ بىرقۇر ئايلىنىپ چىقاندىن كېيىن، دادامدىن ماڭا بىر ۋېلسىپىت ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم، ئەمما دادامنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابى شۇ ئىدى:

ئوغلۇم، خىتايلار خەلقىمىزنى تولىمۇ قالاق قالدۇرغان، ئۆلكىمىزدە تۈزۈكرەك بىر مەكتەپمۇ يوق، مەركىزى ھۆكۈمەتتىن ئىقتىسادى ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىمىز، ئەمما پەقەتلا بەرمەيۋاتىدۇ. شۇڭا بىز چامىمىزنىڭ يېتىشىچە بىر ئىش قىلىش مەقسىتىدە ئەتىدىن ئېتىبارەن ئۆلكىمىز بويىچە ئىئانە توپلاش كامپانىيەسى باشلىماقچىمىز، ساڭا ۋېلسىپىت ئالىدىغان بۇ پۇلنى ئىئانە توپلاش كامپانىيەسىگە تەقدىم قىلايلى، خەلقىمىز ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە تۇرىۋاتقان بىرچاغدا سەن ۋېلسىپىت مىنىپ يۈرسەڭ ئاللاھ رازى بولماس ... ».

1949 - يىلى ھىندىستانغا ئىلتىجا قىلىپ چىقتۇق. ئۇيەدە ئالپتېكىن ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا يەنە دادام بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن بىرگە قېچىپ چىققان 5 يېقىن سەبدىشى بار ئىدى. ئۇلار جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ ئاران تەسلىكتە چىققىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قولىدىمۇ ھېچقانداق ئىقتىسادى يوق ئىدى. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرساقمۇ يەنە ئۇلارنىڭ چىقىمىنىمۇ دادام ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. داستىخاندا ئاۋال ئۇلار ئولتۇراتتى، ئۇلاردىن ئاشقان - تاشقاننى كېيىن بىز يەپ - ئىچەتتۇق، بەزىدە ئۇيەدە تاماقنى ئاز قىلىپ قويغان بولسا بىز ئائىلاج قۇرۇق نان غاجايتتۇق، ئۈستى - بېشىمىزدىمۇ تۈزۈكرەك بىر كىيىم - كېچىكىمىز يوق ئىدى. ئانام دادامنىڭ كونا بىر چاپىنىنى سۆكۈپ ماڭا پەلتۇ تىكىپ بەرگەن ئىدى، بۇ كونا پەلتۇ بىلەن مەكتەپكە بېرىشتىن نومۇس قىلىپ ھەمىشە مەكتەپتىن قاچاتتىم، بۇنىڭغا نارازى بولۇپ يۈرگىنىمدە بىر كۈنى دادام مېنى يېنىغا چاقىرىپ شۇنداق دېگەن ئىدى:

« ... ئوغلۇم، بىز بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان بۇ زىيالىلار ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق دەپ بالا - چاقىسىنى تاشلاپ يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلغان ئىنسانلار، ئەگەر مەن ئاۋال ئۆزەمنىڭ بالا - چاقامغا يېگۈزۈپ - ئىچكۈزۈپ ۋە كىيىندۇرسەم، ۋەتەن - مىللەتنى دەپ مەن بىلەن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان بۇ ئىنسانلارغا خىيانەت قىلغان بولىمەن، بۇ مېنىڭ ئىنسانلىق خاھىشىمغىمۇ زىت، شۇڭا سىلەرنىڭ ئاچلىق چۈشۈنىشلىرىنى ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇ قىيىن كۈنلەرمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆز نەپسىدىن كېچەلمىگەن بىر ئىنساننىڭ ۋەتەن - مىللەتكىمۇ ھەقىقى يوسۇندا پايدىسى تەگمەيدۇ ... ».

1954 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. ئەمما مەن يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىشلار يەنە ئەينەن داۋام قىلىشقا باشلىدى، ئەڭ ئاددىسى، ئائىلىمىزنىڭ بىردىن - بىر قىزى بولغان سىڭلىم، شەرقىي تۈركىستانلىق ئادۋۇكات مەرھۇم ئىلھان موسابېينىڭ قىزىنىڭ پەلتۇسىنى خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە كىيىپ يۈردى.

## 2. « باشقىلارنى يامانلاش ئارقىلىق يۇقۇرى ئۆرلىيەلمەيسەن »

دادام شۇنچە پىداكارلىق كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ يەنە ھەمىشە بەزىلەرنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچراپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن دەپ بىلگەن كىشىلەرنىڭ ئەيىپلەشلىرى، تەنقىدلەشلىرى ۋە ۋاپاسىزلىقلىرى دادامنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرغان ئىدى، ئەمما دادام بۇ ئەھۋاللارنى بىزدىن يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى، بىز بولساق دادامدىن قولىمىزدىكى بەلگىلەر ۋە دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئۇلارغا رەددىيە بېرىشنى تەلەپ قىلاتتۇق، ئەمما دادام بىزگە مۇنداق دەيتتى:

« ... ئوغلۇم، تەنقىدلەشنىڭ ئۆزى دېموكراتىيەنىڭ بىر شەكلى، ئىنسان بولغىنىم ئۈچۈن مېنىڭمۇ خاتالىرىم بار، ئەگەر ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى چوڭ، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى بولسا كىچىك كۆرۈشنى ئۆگەنمىسە، ئۇچاغدا ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلالمايدۇ، ئەگەر سەن بۇ تۆھمەت ۋە ئەيىپلەشلەرگە جاۋاپ بېرىشقا ئۇرۇنساڭ، ئۇچاغدا سەنمۇ ئاشۇ كىشىلەردەك ئەينى سەۋىيەگە چۈشۈپ قالسەن، سەن يەنىلا بۇ كىشىلەرگە قارىتا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. شەرقىي تۈركىستاندا، « ئۆزەڭنى ئەر بىلسەڭ، باشقىلارنى دائىم شىر بىل » دېگەن سۆز بار، شۇڭا ئۆزەڭنى ئەر دەپ قارىساڭ، باشقىلارنى ھەمىشە يولۋاس دەپ قارا، ئەگەر يۇقۇرى ئۆرلىمەك ئىستىسەڭ، ئاۋال باشقىلارنى يۇقۇرى كۆتەر، چۈنكى باشقىلارنى ئەيىبلەش بەدىلىگە ھېچبىر ۋاقىت يۇقۇرى ئۆرلىيەلمەيسەن ... ».

دادام بىزگە، باشقىلارنىڭ مۇۋاپىقىيىتىنى دائىم ئۆزىمىزنىڭمۇ مۇۋاپىقىيىتى دەپ بىلىشىمىز كېرەكلىكى ۋە باشقىلارنىڭ مۇۋاپىقىيەتسىزلىكىنىمۇ ئوخشاشلا ئۆزىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتسىزلىكى دەپ قارىشىمىز لازىملىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى. دادام بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە ئۆزى بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئەپەندى ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەتتى. بەزى يۇرتداشلىرىمىز بىركۈنى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئەپەندىگە، « سىز ھەمىشە ئۆيىڭىزدە ئولتۇرىسىز، سىرتقا چىقمايسىز، يىغىنلارغا قاتناشمايسىز ۋە ئۆزىڭىزنى تونۇتمايسىز، ئەمما ئەيسا ئەپەندىم ھەمىشە سىرتتا يىغىنلارغا قاتنىشىدۇ ۋە سىزدىنمۇ بەكىرەك تونۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ » دېگەنمىش. مەرھۇم مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئەپەندى بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇ يۇرتداشلارغا، « ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتقاندا ھەممىسىگە ئايرىم بىر قابىلىيەت ئاتا قىلغان، ئاللاھ ماڭا ئوقۇش، تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش قابىلىيىتىنى نېسىپ قىپتۇ، ئەيسا ئەپەندىگە بولسا سىرتلارغا چىقىپ، سۆزلەش ۋە ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاتا قىپتۇ. ئەسلىدە ھەر ئىككىلىمىزلا ئوخشاش مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز، بىر - بىرىمىزنى تولۇقلاۋاتىمىز، شۇڭا ئۇنىڭ مۇۋاپىقىيىتى مېنىڭ مۇۋاپىقىيىتىم، مېنىڭ مۇۋاپىقىيىتىم ئۇنىڭمۇ مۇۋاپىقىيىتىدۇر » دېگەنمىش. بۇسەۋەپتىن دادام بىزگە، ئەگەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ مۇۋاپىقىيىتىنى ئۆزىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيىتى دەپ تونۇماي، ئۆزىمىزنى ھەسرەت، ھەسەتخورلۇقلارغا مۇپتىلا قىلىپ باشقىلارنىڭ مۇۋاپىقىيىتىنى پالتىلاشقا ئۇرۇنساق، ئۇچاغدا بۇ ئىللەتلىرىمىز بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ناھايىتى چوڭ زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى.

( داۋامى گېزىتىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا )





# ئىستىقلال

2000 - يىلى 5 - ئاي
9 - سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت


## تۈركىيەدە قاتتىق نارازىلىققا ئۇچرىغان جاڭ زېمىن،
# مەيدىسىگە تىكەن تاقاپ قايتتى




ئۆز خەۋىرىمىز: خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ بۇيىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە تۈركىيەگە قىلغان دۆلەت زىيارىتى، تۈركىيەدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ، تۈركىيەدىكى كۆپلىگەن پارتىيە - گۇرۇھ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان پارلامېنت ئەزالىرى ھەم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەگە كېلىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىنىڭ ۋە رادىيو - تېلېۋىزىيەلىرىنىڭ ئەڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلاندى. جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەگە زىيارەتكە كېلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان نارازىلىقلار ۋە ئېتىرازلارنىڭ دەرىجىسى 97 - يىلدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىن بۇيانقى ئەڭ كۈچەيگەن ۋە جانلانغان دەۋرگە قەدەم قويدى، ھەتتا بۇ قېتىم تۈرك مەتبۇئاتلىرىنىڭ خىتايغا قايتۇرغان ئىنكاسى، 97 - يىلدىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولدى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## دادام ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ كۆرەش پەلسەپەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى

ئەركىن ئالپتېكىن

( ماقالىنىڭ بېشى گېزىتىمىزنىڭ 8 - سانىدا )

### 3 . « ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق »

بىزگە « ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق » دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەن دادام ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، « بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن، بىر تۈرك سۈپىتىدە تۈركلۈك داۋاسى ئۈچۈن، بىر مۇسۇلمان سۈپىتىدە ئىسلام داۋاسى ئۈچۈن ۋە بىر ئىنسان سۈپىتىدە ئىنسانلىق داۋاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك » دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

( داۋامى 8 - بەتتە )





## قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى « مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى » نى زىيارەت قىلدى



ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان ۋە مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت گېرمانىيەنىڭ كۆلن شەھرىگە بېرىپ، ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام تەشكىلاتى ھېساپلانغان « مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى » مەركىزى ئورگىنىنى زىيارەت قىلدى ۋە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

( داۋامى 7 - بەتتە )

# تۈركىيەدە قاتتىق نارازىلىققا ئۇچرىغان جاڭ زېمىن، مەيدىسىگە تىكەن تاقاپ قايتتى

( بېشى 1 - بەتتە )

جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەگە زىيارەتكە كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇيىل 3 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە، شۇنداقلا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇم ۋە بېسىملىرى ھەققىدە يۈزلەرچە ماقالە ئېلان قىلىندى، رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىمۇ يۇقارقى تېمىلاردا كۆپ قېتىم نەقمەيدان پۇرۇگراممىلىرى ئۇيۇشتۇردى. تۈرك مەتبۇئاتلىرىنىڭ بۇھەقتىكى ئىنكاسلىرى تاكى ھازىرغا قەدەر ئۈزۈلمەي تۈردە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەگە قىلغان زىيارىتى، تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى تۈركىيەدە زور سىياسىي ئۇتۇق قازاندى. تۈركىيەگە قىلغان 4 كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا تۇشمۇ - تۇشتىن قاتتىق نارازىلىققا ئۇچرىغان جاڭ زېمىن، تۈركىيەدىن مەيدىسىگە مېدال ئەمەس، بەلكى تىكەن تاقاپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

## جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەگە كېلىشتىكى مەقسىدى

جاڭ زېمىننىڭ بۇقېتىمقى تۈركىيە زىيارىتى، خىتاينىڭ بىر دۆلەت رەئىسىنىڭ 1986 - يىلدىن بۇيان تۈركىيەگە قىلغان تۇنجى قېتىملىق زىيارىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى 96 - يىلى خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى دۆلەت رەئىسى لى شىيەنەن تۈركىيەنى زىيارەت قىلغان ئىدى.

جاڭ زېمىننىڭ بۇقېتىمقى تۈركىيە زىيارىتى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تاشقى دۇنيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى يېتىم قالدۇرۇش مەقسىدىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەتئەللەردە جىددىي تۈردە ئېلىپ بېرىۋاتقان دېپلوماتىك ھەرىكىتىنىڭ بىر پارچىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى خىتاي ھاكىمىيىتى « رادىكال ئىسلامچىلىققا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە تېرورىزىمغا قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش » دېگەن نىقاپ ئاستىدا « شاڭخەي ئاڭلاشمىسىغا ئەزا 5 دۆلەت ئىتتىپاقى » نى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا خوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن موھىم قەدەم تاشلىغان ئىدى. تۈركىيەنى باشتىن - ئاخىر « شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئۇۋىسى » دەپ قاراپ كەلگەن خىتاي ھاكىمىيىتى، ئىككىنچى باسقۇچتا پۈتۈن دېپلوماتىك كۈچىنى تۈركىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈركىيەگە ھەرتۈرلۈك ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرنى كۆز - كۆز قىلىپ تۇرۇپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قولى ئارقىلىق تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى پالتىلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، تۈركىيەنى يىللاردىن بۇيان « جۇڭگونى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن پانتۈركىزىمچىلەرنىڭ لاگېرى » دەپ قاراپ كەلگەن ۋە دېپلوماتىيە جەھەتتە تۈركىيەگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن خىتاي ھاكىمىيىتى، كېيىنكى مەزگىللەردە تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، يالغان ھىجىيىپ، دېپلوماتىيە جەھەتتە تۈركىيەگە يېقىنلىششقا باشلىدى. ماھىيەتتە بولسا بۇ، خىتاينىڭ تۈركىيەگە قارىتا « ئاغزىمدا كۈلكە - چاق - چاق، قوينۇمدا پالتا - پىچاق » دېگىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، خىتايدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە نەپ ئېلىشقا ئالدىراپ كەتكەن تۈركىيە ھۆكۈمىتى، 70 مىليون تۈرك خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. 1995 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر تۈركىيەنىڭ پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەل، تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ باشلىقى مۇستافا قەلەملى، يىلدىرىم ئاقبۇلۇت، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئىسمايىل جېم، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سادېتىن تانتان قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خىتاينى زىيارەت قىلدى، بۇ مەزگىلدە خىتاينىڭ پارلامېنت باشلىقلىرىدىن چياۋشى، لى پېڭ ۋە خىتاينىڭ بىرقانچە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن تۈركىيەنى زىيارەت قىلدى، بۇ زىيارەتلەر جەريانىدا تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا سودا توختاملىرىدىن سىرت يەنە « رادىكال ئىسلامچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە تېرورىزىمغا ئورتاق قارشى تۇرۇش » ھەققىدە دەسلەپكى كېلىشىمنامىلار ئىمزالاندى. ئەلۋەتتىكى، خىتاي بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىچلىششىگە ئەگىشىپ، تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە توسقۇنچىلىققا ۋە قامال قىلىشقا ئۇچرىدى. مەسىلەن، 1998 - يىلى تۈركىيەنىڭ ئەينى چاغدىكى باش مىنىستىرى مەسۇت يىلماز تەرىپىدىن چىقىرىلغان تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتايغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ھەققىدىكى 36 - نومۇرلۇق ئۇختۇرۇشى، بۇنىڭ جانلىق پاكىتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. جاڭ زېمىننىڭ بۇقېتىم تۈركىيەگە كېلىشتىكى مەقسىدىمۇ، خۇددى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن تېخىمۇ كۆپرەك سىياسىي نەپكە ئېرىشىش ۋە ئاخىرقى ھېساپتا تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما جاڭ زېمىن بۇقېتىم تۈركىيەگە قىلغان زىيارىتىدە، تۈركىيەدە 10 - 20 مىڭ ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى 70 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ياشاۋاتانلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلدى، بۇخىل تۇيغۇ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگىمۇ خاس ئىدى.

## جاڭ زېمىننىڭ زىيارىتىگە قارشى تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىكى ئىختىلاپلار

جاڭ زېمىننىڭ بۇقېتىمقى تۈركىيە زىيارىتى، تۈركىيەنىڭ سابىق پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەلنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تۈركىيە پىرېزىدېنت مەھكىمىسى بىلەن تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، جاڭ زېمىننىڭ 86 - يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ تۈركىيەگە زىيارەتكە كەلگەن تۇنجى دۆلەت رەئىسى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا « دۆلەت مېدالى » تاقاشنى قارار قىلغان ۋە بۇ قارارنامىنى تۈركىيە مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ تەستىقىغا سۇنغان ئىدى. ھەتتا تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يۇقارقى قارارنامە مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمەي تۇرۇپلا، جاڭ زېمىنغا تۈركىيە زىيارىتىدە « دۆلەت مېدالى » تاقىلىدىغانلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە رەسمىي بىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما جاڭ زېمىنغا دۆلەت مېدالى تاقاش ھەققىدىكى بۇ قارارنامە، مىنىستىرلار كابىنېتىدە قاتتىق ئىختىلاپ پەيدا قىلدى.

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ھۆكۈمىتى، تۈركىيەدىكى « دېموكراتىك سول پارتىيە »، « مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى » ۋە « ئانا ۋەتەن پارتىيىسى » قاتارلىق 3 پارتىيەدىن تەشكىل تاپقان بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولۇپ، مىنىستىرلار كابىنېتىمۇ يۇقارقى 3 پارتىيىگە مەنسۇپ مىنىستىرلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى. تۈركىيەدىكى « مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى »، دۇنيادىكى پانتۈركىسىزىم ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى ۋە يېتەكچىسى بولۇپ، تۈركىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئەڭ كۈچلۈك ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان پارتىيەلەرنىڭ بىرى ھېساپلىناتتى. شۇڭا، تۈركىيە مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ جاڭ زېمىنغا دۆلەت مېدالى تاقاش ھەققىدىكى قارارنامىنى تەستىقلاش ئۈچۈن چاقىرغان يىغىنىدا، « مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى » گە مەنسۇپ مىنىستىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ زېمىنغا دۆلەت مېدالى تەقدىم قىلىشىغا قارشى چىقتى ۋە « شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزىۋاتقان بىرسىگە مېدال تاقىمايمىز » دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى. بولۇپمۇ بۇ مىنىستىرلارنىڭ ئىچىدە بەر ئالغان دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى سادى سوبۇنجۇ ئوغلىنىڭ ئېتىرازى پەۋقۇلاددە كۈچلۈك بولدى، ھەتتا ئۇ جاڭ زېمىننىڭ زىيارىتى

# جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەدىكى 4 كۈنلۈك زىيارىتىنىڭ مەزمۇنى

خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى ھەيئەت تۈركىيەدىكى 4 كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا تۈركىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىقتىسات، تاشقى سودا، ساياھەت، ھەربى سانائەت، ئېنېرگىيە، قاتناش - ترانسپورت، بىخەتەرلىك، ئورتاق مەبلەغ سېلىش ... قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ئەمما تۈركىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى جاڭ زېمىن بىلەن كۆرۈشكەندە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشنى ئەزىرىدىن ساقىت قىلىۋەتمىدى. مەسىلەن، تۈركىيەنىڭ پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەل جاڭ زېمىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى دىپلوماتىك ئۇسۇلدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. دېمىرەل جاڭ زېمىنغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، «بىزنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرى بىلەن تىل، دىن جەھەتتە ئوخشاشلىقىمىز ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىق مۇناسىۋىتىمىز بار، شۇڭا بىز ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشىشىنى ئۈمىت قىلىمىز، بۇ ئىنسانلار ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ياخشى كۈتۈلگەن ياخشى ۋەتەنداش بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز» دەپ بايان قىلدى. جاڭ زېمىن بولسا بۇ سۆزگە جاۋابەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتە بەزى تەدبىرلەرنى يولغا قويغانلىقىنى، خىتاينىڭ مەسىلە چىقارغان تەرەپ بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى ۋە تۈركىيەدىكى كارخانىچىلارنى شەرقىي تۈركىستانغا مەبلەغ سېلىشقا دەۋەت قىلدى.

جاڭ زېمىننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۈركىيەنىڭ پىرېزىدېنت مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن دەسلەپكى دۆلەت مۇراسىمىغا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلغان 3 سىياسى پارتىيەنىڭ رەئىسلىرىنىڭ ھېچبىرى قاتناشمىدى.

19 - ئاپرېل كەچتە تۈركىيە پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەل پىرېزىدېنت مەھكىمىسىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، جاڭ زېمىنغا تۈركىيەنىڭ دۆلەت مېدالىنى تەقدىم قىلدى ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. دۆلەت مېدالى بويىنغا ئېسىلغاندىن كېيىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ خۇددىنى يوقاتقان جاڭ زېمىن، دەرھال ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سەھنىگە چىقىپ، ئىتالىيەلىكلەرنىڭ «Osolemio» ناملىق ناخشىسىنى كاكراپ ئېيتىشقا باشلىدى، جاڭ زېمىننىڭ بۇ غەلىتە قىلىقى مۇراسىم ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى. كەچلىك زىياپەت جەريانىدا، زىياپەتكە قاتناشقان «مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى» گە مەنسۇپ مىنىستىرلارنىڭ ھېچبىرى جاڭ زېمىنغا چىرايىنى ئاچمىدى، جاڭ زېمىننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان مەزكۇر پارتىيەنىڭ رەئىسى ۋە تۈركىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى دۆلەت باغچېلى ئەپەندى پۈتۈن زىياپەت جەريانىدا جاڭ زېمىنغا قاپىغىنى تۈرۈپ قاراپ ئولتۇردى، بۇ كۆرۈنۈش ھەتتا تۈركىيەنىڭ «Star» گېزىتىدىمۇ ئەينەن يەر ئالدى ۋە گېزىتتە بېسىلغان رەسىمنىڭ يېنىغا، «مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ رەئىسى دۆلەت باغچېلى زىياپەت بويىچە ھېچ چىرايىنى ئاچمىدى» دەپ ئىزاھات بېرىلدى.

جاڭ زېمىن تۈركىيەنىڭ پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ ئىچىگە ئېسىلغان بىر يىپەك يولى خەرىتىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە «مۇمكىن بولسا بۇ خەرىتىدىن ماڭىمۇ بىر نۇسقا بەرسەڭلار» دەپ تالاشتى.

بۇقېتىم جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيە زىيارىتى جەريانىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىمنامىلارنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) تۈركىيە خىتايدىن 100 پاراۋۇز (پويىزنىڭ بېشى) سېتىۋالىدۇ؛

(2) يىلىغا چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىدىغان 120 مىليون خىتاينىڭ خېلى بىر قىسمى تۈركىيەگە يۈزلەندۈرۈلىدۇ؛

(3) تۈركىيەنىڭ يىلىغا خىتايغا قىلىۋاتقان 47 مىليون دوللارلىق ئېكسپورت مىقدارى دەسلەپكى قەدەمدە 300 مىليون دوللارغا ئاشۇرۇلىدۇ؛

(4) تۈركىيەلىك مەبلەغ سالغۇچىلار شەرقىي تۈركىستانغا يۈزلەندۈرۈلىدۇ؛

(5) خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركىيەنىڭ ساندالجىق توسمىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 255 مىليون دوللار مەبلەغ سالىدۇ؛

(6) تۈركىيە يىلىغا خىتايغا 8 مىليون دوللارلىق توخۇنىڭ پۈتىنى سېتىدۇ؛

(7) ئىككى دۆلەت تۆمۈريول قۇرۇلۇشى، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋە دېھقانچىلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويىدۇ؛

جاڭ زېمىننىڭ بۇقېتىمقى زىيارىتى جەريانىدا يەنە «تۈركىيە - خىتاي ئىقتىسادى ھەمكارلىق كومىتېتى» نىڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

گەرچە جاڭ زېمىن بۇقېتىمقى زىيارىتى جەريانىدا تۈركىيەگە ئىقتىسادى جەھەتتە خېلى كۆپ نەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما «رادىكال ئىسلامچىلارغا، تېرورىستلارغا ۋە بۆلگۈنچىلەرگە ئورتاق قارشى تۇرۇش» دېگەن نىقاپ ئاستىدا تۈركىيەدىن سىياسى نەپ ئېلىشقا تىرىشتى.

جاڭ زېمىنغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جۇباڭزاۋ 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، بۇقېتىم تۈركىيە بىلەن خىتاينىڭ «رادىكال ئىسلامچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى» گە قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلگەنلىكىنى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇپراقلىرىدا خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە خىتايغا ۋەدە بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى. بارلىق مۇخبىرلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى قوللىنىپ سوئال سورىشى، بۇ خىتاينىڭ سەپرايىنى ئۆرلەتتى ۋە مۇخبىرلارغا خاپا بولغان ھالدا، «مەن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى ئېتىراپ قىلمايمەن، ئۇيەر جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇ رايونلاردا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا» دەپ چالۋاقىدى. جۇباڭ زاۋ يەنە تۈركىيە پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەلنىڭ جاڭ زېمىن بىلەن كۆرۈشكەندە بۆلگۈنچىلىككە قارشى خىتاي بىلەن ھەمكارلىششنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

جۇباڭ زاۋنىڭ يۇقارقى باياناتلىرىمۇ، جاڭ زېمىننىڭ بۇقېتىم تۈركىيەگە زىيارەتكە كېلىشتىكى ئاساسى مەقسىدىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى ھەرىكەتلىرىنى تۇسۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

# پارلامېنت ئەزاسى شەرەپ مالكوچ ئەپەندىنىڭ خىتايغا قارشى پائالىيەتلىرى

تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ زېمىنغا دۆلەت مېدالى تەقدىم قىلىش ھەققىدە قارار ئالغانلىقى، تۈركىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قاتتىق ئېتىرازىنى قوزغىدى. بەزى پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنت بىناسىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنى ئاشكارە قوبۇل قىلىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلسا، بەزى پارلامېنت ئەزالىرى ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، تۈركىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا مەكتۇپ يوللاش ئارقىلىق، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان چېدىغۇسىز زۇلۇملىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىشقا چاقىردى.

مەسىلەن، خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەگە زىيارەتكە كېلىشى ھارپىسىدا، تۈركىيەدىكى «پەزىلەت پارتىيەسى» گە مەنسۇپ پارلامېنت ئەزاسى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سەمىمى دوستى شەرەپ مالكوچ ئەپەندى شەخسەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە تۈركىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا نارازىلىق مەكتۇبى يوللاش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى پاش قىلدى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ زۇلمىغا شېرىك بولماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. بۇ جەريانىدا ئۇ، تۈركىيەنىڭ پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەلگە، باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجېۋىتكە، «ئانا ۋەتەن پارتىيەسى» نىڭ رەئىسى مەسۇد يىلمازغا، «توغرا يول پارتىيەسى» نىڭ رەئىسى تانسۇ چىللەر خانىمغا، «مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى» نىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن باش مىنىستىر دۆلەت باغچېلىگە ۋە تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ رەئىسى يىلدىرىم ئاقبۇلۇتلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەكتۇپ يوللىدى.

شەرەپ مالكوچ ئەپەندىنىڭ مەكتۇبىنىڭ باش قىسمىدا، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بىرقاتار كېلىشىمنامىلارنى ئىمزالاش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزلىرىنىڭ مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغانلىقىنى ۋە ئەمدىلىكتە بولسا تۈركىيەگە كۆزى چۈشكەنلىكى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

«نۆۋەتتىكى ئومۇمى ۋەزىيەتكە باقىنىمىزدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى

تۈركىيەنى قوللۇنۇش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىن قۇرتۇلۇش ستراتىگىيەسىنى يولغا قويماقتا. ئاخىرقىي قېتىم 1944 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، تۈركىيەنى 2 - ۋەتىنى سۈپىتىدە كۆرۈپ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىللىق قوينىغا كىرگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇرۇقداشلىرىمىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان باش مىنىستىرلىكنىڭ 1998 - يىلى 36 - نومۇرلۇق ئۇختۇرۇشىدىن كېيىن، ئەمدىلىكتە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىمىز سادىتتىن تانتانىنىڭ خىتاي بىلەن ئىمزالىغان « جىنايەتچىلەرگە ئورتاق قارشى تۇرۇش كېلىشىمنامىسى » ھەم بۆيەردىكى، ھەم خىتاينىڭ گەرەژدانى بولۇپ ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى چوڭقۇر زىدىلىدى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزدە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويىنىيالايدىغان ۋە بىز بىلەن ئەينى ئۇرۇق، ئەينى دىن ھەم ئەينى تىلدىن بولغان، شۇنداقلا تۈركىيەگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بۇ قېرىنداشلىرىمىز بۈگۈن ئۆزىنىڭ دىنىنى، تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، ئىنسانچە ياشاش ھەققىنى قوغداپ قېلىشقا تىرىشماقتا. بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى ، بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ھازىرلانغان ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرىدا ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە ۋە ئۇلار ھازىر تۈركىيەنىڭ ياردەم قولىنى ئۇزۇتۇشىنى كۈتمەكتە ».

## « بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى » بىلەن مىللىي قۇرۇلتاينىڭ جاڭ زېمىنغا قارشى ئورتاق نامايىشى

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، يەنى خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىنغا تۈركىيەنىڭ ئالىي خىزمەت مېدالى تاقىلىدىغان كۈنى، تۈركىيەدىكى « بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى » ئەنقەرەدە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈردى. بۇقېتىمقى نامايىشقا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى بىرتوپ شەرقىي تۈركىستانلىقمۇ ئىشتىراك قىلدى. بىرقانچە يۈز كىشىدىن تەركىپ تاپقان نامايىشچىلار، نارازىلىقنىڭ سىموۋۇلى ھىساپلانغان قارا گۈلچەمبىرەكنى كۆتۈرۈشۈپ تۈركىيە باش مىنىستىرلىك بىناسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە قارا گۈلچەمبىرەكنى تۈركىيە باش مىنىستىرلىك بىناسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قويۇپ قويدى.

تۈركىيەدىكى « بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆككېش شېندىنلېر ئەپەندى نامايىشچىلارغا قىلغان سۆزىدە، « بىز تۈركىيە گەرەژدانى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ بىر دېكتاتورغا شەرەپ مېدالى تاقىماقچى بولغانلىقىدىن چەكسىز نومۇس ھېس قىلماقتىمىز، بىزگە مۇناسىپ بولمىغان بۇ نومۇسنى ھېس قىلدۇرغان ھۆكۈمەتكە ئىنسانلىق ۋە ھەق - ھۆرىيەت نامىدىن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمىز. دۇنيادىكى بارلىق مۇستەقىل ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتلىرى خىتايىنى دۇنيادىكى ئەڭ زور ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىرى دەپ قاراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يەنە خىتايغا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەرەپ مېدالىنى تەقدىم قىلغانلىق زادى قانداق قىلىق؟! ».

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجانمۇ بۇقېتىمقى نامايىشتا تەكلىپكە ئاساسەن سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سالغان زۇلۇملىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ نەپرىتىنى قوزغاۋاتقان خىتاينىڭ بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندۇرۇلغانلىقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زادىلا قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى ھەمدە، « تۈرك دۇنياسىنىڭ رەھبىرى ھىساپلانغان ۋە ئاكىمىزنىڭ ئورنىدىكى تۈركىيەگە بۇ قىلىق پەقەتلا ياراشمايدۇ » دەپ كۆرسەتتى.

رەئىس ئەنۋەرجان نامايىشتا قىلغان سۆزىدە يەنە، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئادەتتىن تاشقىرى بىرخىل زۇلۇمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى، مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ناھەق ھالدا ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ مەلۇم بىر رەزىل مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۈركىيەگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۆزىنى تۈركىيەگە يېقىن قىلىپ كۆرسۈتۈش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە تۈركىيەنىڭ ئۇلارنى قوللىمايۋاتقان قىلىپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىزاھلىدى.

ئەنۋەرجان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە، تۈركىيەنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سادىتتىن تانتانىنىڭ خىتاي بىلەن « جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا قايتۇرۇپ بېرىش » كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ كېلىشىمنامە تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن تەقدىردە، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ئېھتىمالى تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىگە جىددىي قارىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى.

نامايىشنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيە باش مىنىستىرلىكىگە بىرپارچە نارازىلىق مەكتۇبى تاشۇرۇلدى.

## تۈركىيەدىكى ئاممۋى تەشكىلاتلاردىن جاڭ زېمىننىڭ زىيارىتىگە ئىنكاسلار

تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ زېمىنغا دۆلەت شەرەپ مېدالى تەقدىم قىلىشنى قارار قىلغانلىقى، تۈركىيەدىكى كۆپلىگەن ئاممۋى تەشكىلاتلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. تۈركىيەدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ كېلىۋاتقان ئورغۇنلىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئاخبارات، بايانات ئېلان قىلىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خاتالىقىنى قاتتىق ئەيىپلەش بىلەن بىرگە، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى بەس - بەستە پاش قىلىشتى.

خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن تۈركىيەنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، تۈركىيەدىكى « تۈرك دۇنياسى تەتقىقات جەمىيىتى »، « ئايدىنلار جەمىيىتى »، « تۈرك ئوچاقلىرى جەمىيىتى »، « ياۋروپا - ئاسىيا تۈرك جەمىيەتلىرى بىرلەشمىسى »، « تۈرك ئەدەبىياتى جەمىيىتى »، « « ئەخمەت يېسەۋى جەمىيىتى »، « ياۋروپا - ئاسىيا جەمىيىتى »، « قىرىم تۈركلىرى جەمىيىتى »، « ئىراق تۈركلىرى مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتى » قاتارلىق نوپوزلۇق ئاممۋى تەشكىلاتلار تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرگە ئىستانبۇلدىكى سۇلايمانىيە مەدەنىيەت مەركىزىدە ئورتاق ھالدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ زېمىنغا دۆلەت مېدالى تەقدىم قىلىش قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلىدى.

بۇقېتىمقى يىغىندا ئالدى بىلەن « ئايدىنلار جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى مۇستافا ئەركان ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى يۇقۇرى پەللىگە چىققان شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « شىنجاڭ » دەپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ۋە بۇ تۇپراقتا سانسىزلىغان يەرلىك خەلقنىڭ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: « تۈركىيەنى ئىدارە قىلىۋاتقانلار تۈركىيەنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان تۈرك ۋە قانداشلىرىمىزغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك، چۈنكى تۈركىيە ئۇلارنىڭ ئۈمىدى، جاڭ زېمىنغا مېدال بېرىلىشىنى تۈركلۈك ۋە ئىنسانلىق سۈپىتىمىز قاتتىق ئەيىپلەيمىز ».

« تۈرك دۇنياسى تەتقىقات مەركىزى » نىڭ رەئىسى پىراپېسور. دوكتۇر تۇران يازگان ئەپەندىمۇ يىغىندا سۆز قىلىپ، 10 مىڭ يىلدىن بۇيان خىتايلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشلاردا غالىپ چىقىپ كەلگەن تۈرك مىللىتىنىڭ، بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىخوتلىقى ۋە دېپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلىدىن كېيىنكى 20 يىلدىن بۇيان خىتايلارغا يېڭىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ پەخرى رەئىسى ۋە تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى گېنىرال مۇھەممەت رىزا بېكىن ئەپەندىمۇ يىغىندا سۆز قىلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان خەلقنى تامامەن يوقۇتۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسۈتىۋاتانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى.

## جاڭ زېمىن مەيدىسىگە مېدال ئەمەس، بەلكى تىكەن تاقاپ قايتتى

گەرچە تۈركىيە ھۆكۈمىتى جاڭ زېمىنغا دۆلەت مېدالى تاقىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مېدال ئەمەس، بەلكى يۈرىكىگە سانچىلغان تىكەن ئىدى. جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە گەرچە تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يېزىلغان خەۋەر -

تەشكىلاتچانلىقىمىز، بىرلىك، ئورتاق مىللىي مەنپەئەت قارىشىمىز ئاجىز. « مىللەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا » دېگەن ئىبارە بىزنىڭ ئەمىلىي ھەركىتىمىزدە ئۆز ئەمىلىيتىنى تاپقىنى يوق.

مانا بۇ — بىزنىڭ سىياسەت، مىللىي مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ساپايىمىزنىڭ لاياقەتسىزلىكىنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالاكەتلىك ئەھۋالدىن تولۇق خەۋىرى بار ياكى شاھىدى بولغان بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز چېغىدا، شەرەپلىك مىللەت نامىمىز « ئۇيغۇر » غا قويۇلغان « ئۇيۇشقاقلىق » ، « ئىتتىپاقلىق » ئۇ يەردە تۇرسۇن، پۇرستى كەلسە « يامانغا يانتاياق » بولۇشۇپ ئىشنى بۇزۇشقا ئورۇنىدۇ، ئۆزلىرى بىلگەن سەنەمگە داپ چېلىپ يۈرۈيدۇ. پەيتى كەلسە ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ئورا كولۇشۇپ « تەرەپچىلىك » قىلىشىپ، ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلگۈنچىلىك قىلىشىدۇ ۋاھاكازالار.. بۇ قىلمىشلىرىمىز ئەلبەتتە دۈشمىنىمىزگە پايدا، بىزگە زور زىيانلارنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

قېنى ئەزىز ۋەتەنداشلار، بىز ئۆز ئارا قوللاپ - قۇۋۋەتلەش، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىش، شۇ ئورتاق مەقسىدىمىز ئۈچۈن كۈرشىشنىڭ ئورنىغا نىمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟! بىز مۇھاجىرەتتىكىلەر بولساق خىتاينىڭ زۇلمىدىن يىراق، ئىنسان ھەقلىرى « ئالاھىدە » ھىمايە قىلىنىدىغان، دېموكراتىك دۆلەتلەردە ياشاۋېتىپتىمىز. بىراق نە سەۋەپ بىز ئەملى ھەركىتىمىز ئارقىلىق بىرلىكلىكىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالمىدۇق؟!

مۇستەملىكىچىلەر رەزىل ۋە رەھىمسىز. ئۇلار ۋاقىتتا بىزنى ئۇتماقتا. ۋەتىنىمىزنى، مەزلۇم خەلقىمىزنى كۈندىن - كۈنگە خانى - ۋەيران قىلماقتا. شۇڭا بىز ئۆز ئەملىيتىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئېتراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئەسلى بىز ئاجىز ئەمەس، مىللىي ئىرادىمىز ئاجىز. شۇ سەۋەپ بۈگۈنكى ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋېتىپتىمىز. بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە كۆچلىنىشنى ئىستىمەي « قۇرۇق گەپ » سېتىپ ۋاقتىمىزنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىزمۇ؟! بىزگە زادى مۇستەقىل ۋەتەن كېرەكمۇ - يوق؟ بىز بۇ بىر ئەۋلاتمۇ يەنە مۇشۇنداق ياشاپ كېتىۋەرسەك، كۆرەشچان ئەجدادلىرىمىزگە، زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقىمىزگە قانداق جاۋاپ قىلىمىز؟!

بىزنىڭ ھازىرقى كۈرەش ئەھۋالىمىز ۋە مىللەت تۈپ مەنپەئەتىنىڭ بىردىن - بىر تەقەززاسى شۇكى — دۇنيادىكى مەۋجۇت بولغان ھەرقانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، ھەرقايسى ساھەلەر بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە، ئورتاق نىشان — زۇلۇم ئىچىدىكى مىللەت پەقەت « ئۇيغۇر ئازاتلىغى » ، « ۋەتەن مۇستەقىللىغى » ئۈچۈنلا كۈرىشىشتۇر. جاپاكەش خەلقىمىز ئۆز ئۆتمۈشىدە مۇنۇ بىر ئېغىز سۆزنى ھەرگىز بىكارغا ئېيتمىغان « توپ بولدۇق، توق بولدۇق » بىراق بىز ھازىر نىمە بولدۇق ؟ ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى تۈزەتمەسلىك سەۋەپلىك « توق » بولۇش ئورنىغا « ئاچ » قېلىپ يۈرۈۋەردۇق، دۈشمىنىمىز بولسا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، توق بولۇپ سەمرىپ، دۇنياغا پاتماس بولۇپ كەتتى. لېكىن بىز تا بۈگۈنگىچە ھېچبىر ئىشتىن ئىبرەت ئالمىدۇق، ئەكسىچە يەنىلا « سۈت ئۇيقىدا » ئۇخلاپ يېتىپتىمىز.

مەرھۇم مىللەت سۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ( مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي! ) نىڭ ئۆتكەن ئەسرنىڭ 30 - يىللىرى يازغان بۇ بىر كۇبلىت شېئىرىنى ئېسىمىزگە ئالايلى:

ئىچۆك ئەھۋالدۇر مىللەت،<br>
ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىلىڭ كۆزنى.<br>
قىلىپ خىزمەت، قىلىپ ھىممەت،<br>
قويۇڭ تاشلاڭ قۇرۇق سۆزنى.

ئالاھەزەل ئۆتكەن ئەسىردە پۈتكۈل مىللەتكە قىلىنغان بۇ مۇراجىئەت تاكى يەتمىش نەچچە يىل ئۆتۈپمۇ ( بىر ئەسىر ئالمىشىپمۇ )، يەنە ھەر - بىر ئۇيغۇرىمىزنىڭ ئەقەللى كاللىسىغا ئېنىق قوبۇل قىلىنغىنى يوق! بىز زادى قانداق مىللەت؟! شەپقەتلىك ئاللاھ تائالا نىگىمىز بىز ئۇيغۇرلارنى — باشقا مىللەتلەردىن ھېچ - بىر يېرىمىزنى كەم قىلىپ ياراتقىنى يوققۇ؟!

ئەزىز ۋەتەنداشلار! بىز ئۆز ئارا تالاشمايلى، نىزالاشمايلى، دەپسەندە قىلىنغان ۋەتىنىمىزنى، مەھرۇم قىلىنغان ئىنسانىي ھوقۇقىمىزنى ئېلىشتىن ئىبارەت بولغان ئورتاق مەقسىدىمىز ئۈچۈن بىر نىيەتتە كۈرشەيلى!

بىزدە دىل بىرلىكىلا بولىدىكەن. ئىشەنچىم كامىلكى — ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقلالىيەت كۈنلىرى يىراق ئەمەستۇر.

ھەممىمىز قايىلكى، كىم ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ غېمىنى قىلىپ، ۋەتەن، مىللەت ئازاتلىغى ئۈچۈن ھەقىقى جان - پىدالىق كۆرسۈتۈپ، ئۆزىنى « ئازاتلىق » كۈرىشىمىزگە تامام بېغىشلىيالىسا، خەلقىمىزنى كۈرەشكە باشلىيالىسا شۇ كىشى خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بولالايدۇ. ئىشىنىمەن، بىز خەلقمۇ چوقۇم داھى چىقىرالايمىز ( چۈنكى تارىخ بۇنى ئىسپاتلىغان ) خەلقىمىز يەنە مۇشۇنداق داھى پەرزەنتىنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالىدۇ. ئىنشائاللاھ، شۇ بولغۇسى داھىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە پۈتكۈل مىللەتنىڭ جانى - جان مەنپەئەتى — ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىغىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان ئورتاق كۈرەش مەقسىدىدە ئۇيۇشايلى، يېڭى ئەسرنى يېڭىچە قەدەم بىلەن باسايلى!

شەپقەتلىك ئاللاھ بىزگە مەدەت بەرگەي!

2000 - يىلى ماي .<br>
گېرمانىيە — ميونخىن

( بېشى 5 - بەتتە )

ماقالىلار ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماقالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئەيىپلەنگەن تەنقىدى ماقالىلار ئىدى، ھەتتا بۇخىل ماقالىلار تاكى ھازىرغا قەدەر تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا ئىزچىل تۈردە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇمۇ خىتاي ئۈچۈن قاتتىق بىر زەربە بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن، جاڭ زېمىننىڭ زىيارەتكە كېلىشىنىڭ ھارپىسىدا ۋە زىيارەت مەزگىلىدە، تۈركىيەنىڭ بىرقىسىم مىنىستىرلىرىنىڭ، كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ۋە پارتىيە رەئىسلىرىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىللىرىنى ئەنقەرەدە ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەنلىكى ۋە ھەممىسىنىڭلا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى دادىللىق بىلەن تەكىتلەپ ئۆتكەنلىكىمۇ سىياسىي ۋە دېپلوماتىيە جەھەتتىن خىتاي ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىر يوقۇتۇش ئىدى. بولۇپمۇ جاڭ زېمىننىڭ زىيارىتى مەزگىلىدە كۆپلىگەن پارتىيەلەرنىڭ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ چىقىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە كۈچلۈك بىر جامائەت پىكرى تەشكىل قىلغانلىقى ۋە خىتاي ھاكىمىيتىنى قاتتىق ئەيىپلەشكەنلىكى، جاڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى خىتاي ھەيئىتىنى ئەڭ قاتتىق بىئارام قىلغان ھادىسىلەرنىڭ بىرى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇقېتىم تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ئىقتىسادى جەھەتتىن كۆپلىگەن مەنپەئەتلەرنى ۋەدە قىلىپ، تۈركىيەدىن سىياسىي نەپ ئېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ. ئەمما تۈركىيەدىكى 4 كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا تەرەپ - تەرەپتىن بۇرنىغا يەپ، قۇرۇق مېدالنى تاقاپ قايىتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، جاڭ زېمىن بۇقېتىمقى تۈركىيە زىيارىتى جەريانىدا پەقەت تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە تايىنىپلا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى يوقۇتۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، تۈركىيەنىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىنى بەلكى تۈركىيەدە 70 مىليون تۈرك خەلقى ياشاۋاتقانلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

( بېشى 1 - بەتتە )

كۆرۈشۈش جەريانىدا قۇرۇلتاي مەسئۇللىرى « مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى » نىڭ مەسئۇللىرىغا مىللى قۇرۇلتاي قۇرۇلغاندىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى. كۆرۈشۈشتە يەنە، مىللىي قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن ھازىرلاپ چىقىلغان « خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى » دېگەن تېمىدىكى تۈركچە يازما دوكلات « مىللى كۆرۈش تەشكىلاتى » نىڭ مەسئۇللىرىغا تەقدىم قىلىندى.

كۆرۈشۈشتە « مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى » نىڭ باش كاتىۋى مەمەت سەبرى ئەرباكان سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپادىكى ئەڭ زور موسۇلمان تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاسارەت ئىچىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانى كۈرىشىنى داۋاملىق تۈردە قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ئاخىردا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

# دادام ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىننىڭ كۆرەش يولىدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى

ئەركىن ئالپتېكىن

( ماقالىنىڭ بېشى گېزىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا )

( بېشى 1 - بەتتە )

« مۇجادىلە » دېگەن بۇ كەلىمىنى، « بىر مىللەتنىڭ يوقۇلۇشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتنىڭ ئاساسى » دەپ ئىزاھلاپ كەلگەن دادام، مۇۋاپىقىيەتنىڭ پەقەت ھەققانى بىر پىكىر، توغرا بىر ئۇسۇل، ساغلام بىر سىياسەت، دۈشمەنىنىڭكىدىن ئۈستۈن بىر ستراتېگىيە ۋە خىل بىر قوشۇن بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى.

« تەشكىلات » دېگەن بۇ سۆزنىڭ ماھىيەت جەھەتتە غايە، پىكىر، قارار ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى بىرلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن دادام، تەشكىلاتچىلىقتا پەقەت بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك ئىتائەتمەنلىكى ئارقىلىقلا مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىپتاتتى.

دادام، بىر مىللەتنىڭ داۋاسىنى زىممىسىگە ئېلىپ يولغا چىققۇچىلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇتلاقا ئەقىل، مەنتىقە ۋە بىلىمگە تايىنىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بىلىم بىلەن قورالاندۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنىنىڭ جاھالەت ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى جاھالەت ۋە قالاقلىق ئىچىدە قالدۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جاھالەتكە قارشى كۆرەش قىلىشىمىز لازىملىقىنى بايان قىلاتتى. دادام بۇنىڭغا ئۆرنەك سۈپىتىدە، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ « ئىلىم ئال، ئۆزەڭنى يۈكسەلت، ئۇنداق قىلالمىساڭ ئۆزەڭگە ھايۋاننىڭ ئىسمىنى قويۇپ ئىنسانلاردىن ئۇزاقلاش ... » دېگەن سۆزلىرىنى ھەمىشە تەكرارلايتتى.

مەلۇم بىر مۇۋاپىقىيەتنىڭ پەقەت پىلان - پۇروگراممىلىق ۋە ئىنتىزاملىق ئىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كەلگەن دادام، نەقەدەر ھەقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زوراۋانلىق يولى ئارقىلىق بىر داۋانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ جەزمەن تىنچلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ، شەرق بىلەن غەرپنى تۇتاشتۇرغان تارىخىي ئىپەك يولىغا ئورۇنلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن، خىلمۇ - خىل دىن، تىل، ئىرق ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىنسانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشكەنلىكىنى ۋە بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلگەنلىكىنى، بۇ سەۋەپتىن، باشقا دىن، تىل، ئىرق ۋە خۇسۇسىيەتلەردىكى ئىنسانلارغا قارىتا ھەمىشە كەڭ قوساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىملىقىنى قايتا - قايتا ئىزاھلاپ ئۆتەتتى.

تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى خەلقىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنىڭ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسى قانۇنىغا، جەمىيەتلەر قانۇنى ۋە دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا، شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ئىستەكلىرىگە زىت بولغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنىڭ خەلقىمىزگە قىلىنغان بىر خىيانەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى.

دادام ھەمىشە بىزگە، « ... ئەمما نىمە قىلىسىڭىز - قىلىڭ، ئىمانىڭىزنى جەزمەن كۈچەيتىڭ، چۈنكى ۋەتەن سۆيگۈسى ئىماندىن كېلىدۇ، ئىمانى كۈچلۈك مىللەتلەرنى ھېچبىر كۈچ يوق قىلالمايدۇ ... » دەپ تاپىلايتتى.

## 4 . « تۈركىيە، تۈرك دۇنياسىنىڭ ئانىسىدىن ئىبارەت »

70 يىللىق كۆرەش ھاياتىنىڭ 40 يىلىنى تۈركىيەدە ئۆتكۈزگەن مەرھۇم دادام ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، تۈركىيەنى « تۈرك دۇنياسىنىڭ ئانىسى، يېگانە مۇستەقىل ئىستىھكامى ۋە ئۈمىت مەنبەسى » دەپ قارايتتى ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننى تۈرك تارىخىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمىي بۆشۈكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامىيەتنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈرك ھۆكۈمدارى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانا ۋەتىنى، « دىۋانى لۇغەتىت تۈرك » ۋە « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىغا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى مەخمۇت قەشقىرى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەملىكىتى دەپ تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق، تۈركىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسىنىڭ روھى بويىچە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ئىگە چىقىشى كېرەكلىكىنى ئىپادە قىلاتتى. ئەمما دادام تۈركىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا، تۈرك دۇنياسىنىڭ ئانىسىنى بەكلا ئۇپرىتىۋەتمەسلىك كېرەكلىكىنى ۋە دوستىدىن بەكرەك دۈشمىنى كۆپ بولغان تۈركىيەنى باشقا دۆلەتلەر ئالدىدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق لازىملىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، « ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە تۈركىيەنىڭ ئالى مەنپەئەتىنى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتىدىنمۇ ئۈستۈن تۇتۇشىمىز كېرەك » دەپ تەكىتلەيتتى.

( تامام )

## ۋەتەنداشلار دىققىتىگە:

مۇشتىرىلىرىمىزغا مەلۇم بولغايكى، گېزىتىمىز قوش ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىمىز ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىمىزغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك شەكىل ۋە ھەجىمدىكى خەۋەر - ئۇچۇر ۋە ماقالىلارنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، دىنىي، تارىخىي، مەدەنىي - مائارىپ ۋە باشقا ھەممە ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالە ۋە مۇلاھىزە خارەكتىرلىك ئەسەرلەرنى، تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەجمى جەھەتتە « ئىستىقلال » گېزىتىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەر « بىرلىك » ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ھەتتا كىتاپ شەكلىنى ئالغان رومان، تارىخىي ئەسلىمە، قىسسە، شېئىرلار توپلىمى ۋە باشقا شەكىلدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن كىتاپ شەكلىدە نەشر قىلىپ تارقىتىلىدۇ، بۇندىكى مەقسىدىمىز، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان يازغۇچى - شائىر، ئەدىپ، تەتقىقاتچى ۋە پايلاسوپلىرىمىزغا نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش جەھەتتە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت، بۇمۇ مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگەن خىزمەت پۇروگراممىلىرىمىزنىڭ بىرىدىن ئىبارەت، شۇڭا ھەرقايسى ئەللەردىكى قەلەمكەشلىرىمىزنى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىمىزنى پوچتا ۋە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشنى ۋە بىزنى نادىر ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشنى ئۈمۈت قىلىمىز. كېلىڭلار، قولنى قولغا بېرىپ، مۇقەددەس قەلەم كۈرىشى ئۈچۈن بىرلىكتە ئاتلىنايلى!

سىزلەرگە چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:
« ئىستىقلال » گېزىتى ۋە « بىرلىك » ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

گېزىتنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر : تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورىكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىراليە)
سېيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
ئەختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتۇرلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
HypoVereinsbank
Konto Nr:
43728446
BLZ:70020270

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
Fax:
0049 89 55 86 99 87